# شىنجاڭ قەدىمدىن ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى

ماگورۇڭ
( تارىخ تەتقىقات ئىنستىتۇتى )

«جۇڭگو كۆپ مىللەتنىڭ بىرلىشىشىدىن ۋۇجۇتقا كەلگەن كۆپ نوپۇسلۇق بىر مەملىكەت». مەملىكىتىمىزدىكى خەنزۇلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ھەر مىللەت خەلقى ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى ئورتاق بەرپا قىلغان ۋە گۈللەندۈرگەن؛ ۋەتىنىمىزنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىنى ئورتاق ياراتقان.

شىنجاڭ قەدىمدىن بۇيان بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك مەملىكىتىمىزنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ كەلگەن. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئەزەلدىن ۋەتىنىمىزدىن ئىبارەت مىللەتلەر چوڭ ئائىلىسىدە ئەمگەك، ئىرىكچىلىك قىلىپ كەلگەن. ئورتاق تارىخىي تەقدىر شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرگەن.

ئۇزۇن تارىخىي دەۋردە، مەملىكىتىمىزدە كۆپ قېتىم بۆلۈنۈش ۋەزىيىتى يۈز بەرگەن بولسىمۇ، بىرلىك باشتىن ـ ئاخىر تارىخ تەرەققىياتىدىكى ئاساسىي ئېقىم بولۇپ كەلگەن.

### تارىختا ئۆتكەن مەركىزىي خانلىقلارنىڭ شىنجاڭدا تەسىس قىلغان ھەربىي، مەمۇرىي ئورگانلىرى

مەملىكىتىمىزدە ئۆتكەن فېئوداللىق مەركىزىي خانلىقنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى كېيىن دېگەندىمۇ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى I ئەسىر ئەترាپىدا شىنجاڭ رايونىغا يېتىپ كەلگەن.

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 138 ـ، 119 ـ يىللىرى جاڭ چيەن ئىككى قېتىم غەربىي رايونغا ئەلچىلىككە كەلگەندىن كېيىن، شىنجاڭ بىلەن ئىچكى رايوننىڭ بۇرۇنلا باشلانغان ئالاقىسى ئۈزۈلمەي قويۇقلاشقان. غەربىي خەن سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، تارىختا ئۆتكەن مەركىزىي خانلىق (ياكى بۆلۈنۈش دەۋرىدىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خانلىقى) لارنىڭ ھەممىسى شىنجاڭدا ھەربىي، مەمۇرىي ئورگان تەسىس قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتكەن.

1. غەربىي رايون تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسى: مىلادىيىدىن 60 يىل بۇرۇن، خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى شۈەندى شىنجاڭدىكى ئۇررى (ھازىرقى بۈگۈرنىڭ شەرقىدىكى چېدىر ئەتراپى) دا غەربىي رايون تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، شىنجاڭ (جۇملىدىن بالقاش كۆلىنىڭ شەرقى، جەنۇبى ۋە پامىر رايونلىرى) نى بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان ئەڭ يۇقىرى ھەربىي، مەمۇرىي ئورگان قىلغان. غەربىي رايون تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئەمەلدارى غەربىي رايون تۇتۇق ھىراۋۇلى بولۇپ، دەرىجىسى ئىچكى رايونلاردىكى ئايماق (ۋىلايەت) ۋالىيسىغا ئوخشاش 2000 دەن مۇئاش ئالغان، مەركىزىي ھۆكۈمەت بىۋاسىتە تەيىنلىگەن. بۇ ۋەزىپىنى ئاتلىق ئەسكەر تۇتۇق بېگى ۋە تەكلىپ بېگى ئۆتىگەن، ئۇنىڭ قول ئاستىدا بىر نەپەر يامۇل بېگى، ئىككى نەپەر چېرىكچى ئامبال، بەگ، قۇر بېشى بولۇپ، تۇتۇق ھىراۋۇلدا ئۇلارنى تەيىنلەش ۋە ئېلىپ تاشلاش ھوقۇقى بولغان. غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي رايونغا 18 ئادەم تۇتۇق ھىراۋۇلى بولغان. بۇلاردىن تەكشۈرۈشكە ئاساس بارلىرى 10 نەپەر، يەنى جېڭجى، خەن شۈەن، گەن يەنشۇ، دۈەن خۇيزۇڭ، ليەن باۋ، خەن لى، گوشۇن، سۈن جيەن، دەن چىن، لى چۇڭ. بۇنىڭدىن باشقا، خەن سۇلالىسى يەنە شىنجاڭدا ياردەمچى چېرىكچى (شياۋيۇ)، تىركەك ۋە ئوتتۇرانچى تىركەك چېرىكچى، غەربىي رايون دورغاپى، يىخۇ تۇتۇق بېگى، مىران تۇتۇق بېگى، ئېۋۈرغول چېرىكچى ئامبىلى، خادىم (سۈگشى)، سەنلاۋ قاتارلىق ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدار تەسىس قىلىپ، تۇتۇق ھىراۋۇلنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە ئىش ئېلىپ بارغان.

غەربىي رايون تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسىنىڭ تەسىس قىلىنىشى بىلەن، خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ غەربىي رايوننىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا بولغان تەۋەلىك مۇناسىۋىتى ئورنىتىلغان. شىنجاڭنىڭ ئەسلىدىكى باشلىقلىرى خەن سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىدىن رەسمىي تەيىنلىمىگىچە ۋە تامغا ـ بەلگە بېرىلمىگىچە ئۆزلىرىگە تەۋە رايوندا ھوقۇق يۈرگۈزەلمەيتتى. «خەن سۇلالىسى تارىخى. غەربىي رايون تەزكىرىسى» دە: غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە، «باش تىلماچ، قەلئە باشلىقى، ۋەزىر، قوماندان، تۇتۇن بېگى، چېجۈي، مىڭبېشى، يۈزبېشى، تۇتۇق، غەزىنىچى، ئەمىر، نازارەتچىدىن تۆرە، خانغىچە، ھەممىسى خەن سۇلالىسىنىڭ بەلگىسىنى تاقايدۇ، مۇشۇنداق خەن سۇلالىسىنىڭ بەلگىسىنى تاقايدىغان 376 يەرلىك ئەمەلدار بار» دېيىلگەن. شايار ناھىيىسىدىن تېپىلغان «خەن سۇلالىسىگە ئەل بولغان دىيانەتلىك چاڭلار باشلىقى تامغىسى»(1) غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە شايار رايونىدىكى چاڭلارنىڭ باشلىقىغا بېرىلگەن ئەمەلدارلىق تامغىسىدۇر. بۇ جايلارنىڭ ھەر دەرىجىلىك باشلىقلىرى غەربىي

رايون تۇتۇق ھىراۋۇلىنىڭ ياكى مەركىزىي ھۆكۈمەتتىن ئەۋەتىلگەن ئەمەلدارنىڭ بىۋاستە قوماندانلىقى ۋە باشقۇرۇشىدا بولغان.

2. غەربىي رايون دورغاپى، تىركەك، ئوتتۇرانچى تىركەك چېرىكچى ۋە ئايماق، ناھىيىنىڭ تەسىس قىلىنىشى. شىنجاڭدا ئايماق، ناھىيە تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلغانلىقى مونۇق مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈلگەن بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت شەكىللەنگەنلىكىنىڭ ئاساسلىق نامايەندىسى. شەرقىي خەن سۇلالىسى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، شىمالدا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ساۋېي خانلىقى مىلادىنىڭ 220 ـ يىلى ئالدى بىلەن شىنجاڭنىڭ لوپنۇر ۋە قوچو قاتارلىق جايلىرىدا غەربىي رايون دورغاپى ۋە تىركەك، ئوتتۇرانچى تىركەك چېرىكچى، شۇنىڭدەك غەربىي رايون چېرىكچىسى، يىمخې چېرىكچىسى تەسىس قىلغان. ئالاھىدە مۇھىمى، ھازىرقى قۇمۇلنىڭ جەنۇبىدا ئىۋىرغول ناھىيىسى تەسىس قىلغان. بۇ لياڭجۇ ئوبلاستىنىڭ دۇنخۇاڭ ئايمىقىغا تەۋە ئىدى. بۇ ئايماق، ناھىيە تۈزۈمىنىڭ شىنجاڭدا يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى خاتىرىسى. مىلادى 327 ـ يىلى، خېشى كارىدورىنى بۆلۈۋالغان ئالدىنقى لياڭ ھاكىمىيىتى ھازىرقى تۇرپان رايونىدا شاجۇ ئوبلاستىنىڭ تەۋەلىكىدە قوچو ئايمىقى تەسىس قىلغان(2). تۇرپاندىن تېپىلغان غەربىي لياڭ خانىنىڭ يىلنامىسى جيەنچۇنىڭ 14 ـ يىلى (مىلادى 418 ـ يىلى) جەسەت بىلەن بىللە كۆمۈلگەن ئاخىرەتلىك كىيىم ـ كېچەك تىزىملىكىگە «قوچو ئايمىقى قوچو ناھىيىسى دۇشياڭ يېزىسى شياۋجىلىڭ كەنتى پۇقراسى خەنچۇنىڭ خاتۇنى»(3) دەپ يېزىلغان. بۇنىڭدىن ئەينى ۋاقىتتا قوچو ئايمىقىدا يولغا قويۇلغان يېزا ـ كەنت تۈزۈمى ئىچكى رايونىنىڭكىگە ئوخشاش ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئايماق، ناھىيە ۋە ھەربىي مەھكىمىنىڭ ئىش بېجىرىش ئاپپاراتىدا پۈتۈنلەي خەن، جىن سۇلالىلىرىدىن بۇيانقى تۈزۈم داۋاملاشتۇرۇلغان (4).

سۈي سۇلالىسى بىر نەچچە يۈز يىل داۋام قىلغان بۆلۈنۈش ھالىتىگە خاتىمە بەرگەندىن كېيىن، مىلادى 609 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا پىشامشان ۋە چەرچەن ئايمىقى تەسىس قىلغان، مىلادى 610 ـ يىلى ئىۋىرغول ئايمىقىنى تەسىس قىلغان (5).

ئايماق (ۋىلايەت) ـ ناھىيە تۈزۈمى شىنجاڭدا تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە كەڭ يولغا قويۇلغان. تاڭ خانلىقىنىڭ پادىشاھى تەيزۇڭ ئالدى بىلەن شەرقىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ قىسمەن جايلىرىدا ئوبلاست، ناھىيە، يېزا، كەنت قاتارلىق ھاكىمىيەت ئاپپاراتلىرىنى قۇرغان. مىلادى 630 ـ يىلى ئىۋىرغول ئوبلاستىنى قۇرغان، بۇنىڭ قارمىقىدا ئىۋىرغول ناھىيىسى (تۆت يېزا قارايدۇ)، لاپچۇق ناھىيىسى (يەتتە يېزا

قارايدۇ)، دۈيان ناھىيىسى (ئون يېزا قارايدۇ) قاتارلىق ئۈچ ناھىيە بولۇپ، باشقۇرغان دائىرىسى تەخمىنەن بۈگۈنكى قۇمۇل ۋىلايىتىگە توغرا كېلىدۇ. مىلادى 640 - يىلى غەربىي ئوبلاست (ئاستانە ئوبلاستى) نى قۇرغان. بۇنىڭ قارىمىقىدا قوچو ناھىيىسى (ئون يېزا قارايدۇ)، يارغول ناھىيىسى (ئۈچ يېزا قارايدۇ)، لۈكچۈن ناھىيىسى (تۆت يېزا قارايدۇ)، پىچان ناھىيىسى (ئىككى يېزا قارايدۇ)، تىيانشان (تەڭرى تاغ)ناھىيىسى قاتارلىق بەش ناھىيە بولۇپ، باشقۇرغان دائىرىسى ئومۇمەن ھازىرقى تۇرپان، پىچان، توقسۇن رايونىغا توغرا كېلىدۇ. 640 - يىلى يەنە بەشبالىق ئوبلاستىنى قۇرغان، بۇنىڭ قارىمىقىدا ئالتۇن بالىق ناھىيىسى (ئىككى يېزا قارايدۇ)، شىخەي ناھىيىسى (قاراشلىق يېزا سانى ئېنىق ئەمەس)، ئۈرۈمتاي ناھىيىسى (تۆت يېزا قارايدۇ)، بارىكۆل ناھىيىسى (ئۈچ يېزا قارايدۇ) قاتارلىق تۆت ناھىيە بولۇپ، باشقۇرغان دائىرىسى تەخمىنەن ھازىرقى سانجى ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە ئۈرۈمچى ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ. بىز يەنە تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان كۆپ مىقداردىكى خەت - چەكلەردىن غەربىي ئوبلاست رايونىدا «كەنت - لى» گە ئالاقىدار نۇرغۇن نامنى كۆرسىتىپ بېرەلەيمىز. مەسىلەن، خىڭرۇڭ كەنتى (لى)، گۇيجىڭ كەنتى، گۇيخۇا كەنتى، قوچۇ كەنتى، شۇنيى كەنتى، شياڭشيەن كەنتى، جىنخۇا كەنتى، شىنۇۋ كەنتى، شىنچۇەن (يېڭى بۇلاق) كەنتى، رېڭيى كەنتى . چېڭخۇا كەنتى، چاڭخىڭ كەنتى، دۇشۇ (يالغۇز تېرەك) كەنتى، جۇڭچىڭ كەنتى، تۇخۇا كەنتى، دېيى كەنتى، مۇيى كەنتى، ئەنلىي (قاراغوجا) كەنتى، خۇفېڭ كەنتى ۋە ھاكازا.

3. تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسى، تۇتۇق مەھكىمىسى، ئوبلاست. تاڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم جايلىرىدا يەنە تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسى، تۇتۇق مەھكىمىسى، ئوبلاست تۈزۈمىنى يولغا قويغان. «بۈيۈك تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئالتە قائىدىسى» دىكى بايانىدا: «چوڭ تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسىدە 2 - دەرىجىلىك چوڭ ھىراۋۇل بىر كىشى، 3 - دەرىجىلىك ئورۇن باسار چوڭ ھىراۋۇل بىر كىشى، 4 - دەرىجىلىك ئورۇن باسار ھىراۋۇل ئىككى كىشى، رەسمىي 5 - دەرىجىلىك دورغاپ بىر كىشى، چېرىكچى ئامبال بىر كىشى، تۆۋەن 5 - دەرىجىدە بولىدۇ»(6) دېيىلگەن. ئۇنىڭ قول ئاستىدا تۇتۇق مەھكىمىسى، ئوبلاست تەسىس قىلىنغان. تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا كىنگىت تۇتۇق مەھكىمىسى، كۇسەن تۇتۇق مەھكىمىسى (توققۇز ئوبلاستقا ئايرىلغان)، سۇلىپ تۇتۇق مەھكىمىسى (15 ئوبلاستقا ئايرىلغان) بولغان. كۆئىنلۇن ۋە قارا قۇرۇم تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدە ۋايسار تۇتۇق مەھكىمىسى (بەش ئوبلاستقا ئايرىلغان)، پامىر ئېگىزلىكىنىڭ جەنۇبىدا ئۇفېي ئوبلاستلىق تۇتۇق مەھكىمىسى، پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شىمالى ۋە ئۇنىڭ غەربىدىكى جاي

تۇتۇلۇپ ئەركەشتام ئوبلاستلىق تۇتۇق مەھكىمىسى بولغان. ھازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقى
تۇرېكستاننىڭ سەمەرقەند رايونىدا كاڭگۇي (سوغدىيانا) تۇتۇق مەھكىمىسى. ھازىرقى
سىر دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدا پەرغانە تۇتۇق مەھكىمىسى، چاش (تاشكەنت)
نىڭ شىمالىدا مىڭ بۇلاق تۇتۇق مەھكىمىسى. تالاس ۋە سۇيئاپ دەرياسى ۋادىلىرى
ياكى تۇنىڭ يېقىن ئەتراپىدا گەش ۋە گۇشۇ ئىككى تۇتۇق مەھكىمىسى. ئەسلىدىكى
غەربىي تۈركنىڭ بەش تۇغلار قەبىلىسى زېمىنىدا فۇيەن تۇتۇق مەھكىمىسى. ئىككى
توقۇز تۇتۇق مەھكىمىسى. يىڭشا (يەنسا) تۇتۇق مەھكىمىسى، ۋىنلۇ تۇتۇق مەھكىمىسى،
زەبان تۇتۇق مەھكىمىسى. تۇز كۆل تۇتۇق مەھكىمىسى بولغان. ئالتاي تېغىنىڭ
غەربىدە كۇنەس تۇتۇق مەھكىمىسى، چوڭ قۇملۇق تۇتۇق مەھكىمىسى، شۇەنچى تۇتۇق
مەھكىمىسى. يەنمىيەن تۇتۇق مەھكىمىسى بولغان. بەشبالىق دائىرىسىدە ياكى
تۇنىڭغا يېقىن جايلاردا ئالتۇن بالىق تۇتۇق مەھكىمىسى، ساتى تۇتۇق مەھكىمىسى،
بىراكى (فېڭلو) تۇتۇق مەھكىمىسى. ئۇرۇمتاي تۇتۇق مەھكىمىسى بولغان. بۇلاردىن
باشقا. يەنە دۇگيەن، شىيەن، چىرلى، جىياچىڭ. دالەن قاتارلىق تۇتۇق مەھكىمىلىرى
بولغان. ھازىرقى يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدا يەنە خاكاس (قىرغىز) تۇتۇق
مەھكىمىسى بولغان. ئەسلىدىكى غەربىي تۈركلەر تۇتۇق مەھكىمىلىرى ۋە ئوبلاستلىرى-
نىڭ ئۈستىدە يەنە كۇنلىڭ ۋە مىڭچىر تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىلىرى تەسىس قىلىنغان.
بەشبالىقتا بىر مەھەل ئالتۇن تاغ تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان[7].

تاڭ خاندانلىقى ساتراپ ياكى باسقاق تۈزۈمىنى يولغا قويغاندىن كېيىن، شىنجاڭ-
دا يەنە تۆت جېڭ (كەنت) ساتراپى ۋە ئېۋىرغول، قوچو، بەشبالىق ساتراپى تەيىن-
لەنگەن. تۇتۇق ھىراۋۇللىرىمۇ مەۋجۇت تۇرۇۋەرگەن.

تاڭ خاندانلىقىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قوشۇنى باشقا جايلاردىكىگە ئوخشاشلا
جۈن. شەھەر (چىڭ)، جېڭ (كەنت)، بوقال قاتارلىق دەرىجىلەرگە بۆلۈنگەن. ئېۋىر-
غول ئوبلاستىدا ئېۋىرغول جۈنى، غەربىي ئوبلاستتا تىيانشان جۈنى تەسىس قىلىنغان.
بەشبالىق تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسىنىڭ قول ئاستىدا خەنخەي جۈنى، چىڭخەي جۈنى،
جىنسەي جۈنى، خېلەن جۈنى، جىنيا جۈنى، مىڭچىش جۈنى بولغان. ئەنشى تۇتۇق ھىراۋۇل
مەھكىمىسىنىڭ قول ئاستىدا قوغداش جۈنى، يۇخى جۈنى، سۇلمي جۈنى، سۇيۋۇن جۈنى
بولغان. بەشبالىقنىڭ غەربىدىكى يەنچىڭ شەھىرى. گۇكيۇ (قويچى) شەھىرى. ئەنشى-
نىڭ غەربىدىكى سايرام شەھىرى، ئاشيەن شەھىرى، بوغدا چوققىسىدىن چۇ دەرياسىغىچە
بولغان رايوندىكى بالاساغۇن شەھىرى. سۇيئاپنىڭ غەربىدىكى تالاس شەھىرى. ئۇدۇن-
نىڭ غەربىدىكى جىرجىرمەن (تالاس؟) شەھىرى. گۇما شەھىرى. لوپنۇر رايونىدىكى
مىران شەھىرى، ۋاش شەھىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تاڭ خاندانلىقىنىڭ مۇھىم

ھەربىي تايانچ پونكىتلىرى بولغان. كۆسەن، ئۇدۇن، سۇيئاپ، سۇلې مەشھۇر تۆت جېنىك(كەنت)بولغان. لوپنۇر ئەتراپىدىكى چارقىلىق، چەرچەن جېنلىرى، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى كەنجىك، لەنجىك، خۇنۇ، مېيەنجىك، چەرچەن جېنلىرى، تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى شىڭشەن (ئەۋليا)، بارىكۆل، خېجۇ، تۇزلۇق بۇلاق جېنلىرىنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن مۇھىم ستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. پامىر ئېگىزلىكىدىكى پامىر بوقالى جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردە مەشھۇر.

4. يۇيۇ ۋە چوڭ ئىلچىن مەھكىمىسى. مىلادى 947 - يىلى كىدانلار ئېلىمىزنىڭ شىمالىدا لياۋ خاندانلىقىنى قۇرغان. شىنجاڭنىڭ كۆپلىگەن جايلىرى لياۋ خاندانلىقىغا تەۋە بولغان. شۇ دائىرىدىكى تۈرك، ئۇيسۇن، ئۇيغۇر، قىرغىز، ئارسلان ئۇيغۇرلىرى، ئۇدۇن، قوچو، خېچۇ ئۇيغۇر دۆلىتى لياۋ سۇلالىسىگە تەۋە دۆلەت ئىدى. يازما خاتىرىلەردە، لياۋ خاندانلىقىنىڭ ئۇلارنىڭ باشلىقلىرى بىلەن كىدانلارنى پەرقلىق ئىشلىتىش، ئىلتىپات بىلەن تەھدىت سېلىشنى تەڭ قوللىنىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، رويان يولىنى قوغدىغانلىقى قەيت قىلىنغان. تەۋە دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ ۋەزىپە نامى جەھەتتە «پالانى دۆلەت چوڭ ئېلچىسى، پۇكۇنى دۆلەت يۇيۇسى» دېگەن ناملار قوللىنىلغان. مۇشۇ پىرىنسىپقا ئاساسەن، لياۋ خاندانلىقى شىنجاڭدا ئېلچىن مەھكىمىسى تەۋەلىكى تۈزۈمىنى يولغا قويغان. ئېلچىن مەھكىمىسىدىن، ئاساسلىقى، ئارسلان ئۇيغۇر چوڭ ئېلچىن مەھكىمىسى (ياكى ئارسلان خان مەھكىمىسى)، غەربىي تۈرك ئېلچىن مەھكىمىسى، تەۋە قىرغىز ئېلچىن مەھكىمىسى، ساتى ئېلچىن مەھكىمىسى، تۈرك ئېلچىن مەھكىمىسى، ئۇيغۇر تەگرىقۇت مەھكىمىسى، قوچو چوڭ ئېلچىن مەھكىمىسى، ئۇيسۇن ئىلچىن مەھكىمىسى، ئۇدۇن ئېلچىن مەھكىمىسى قاتارلىقلارنى تەسىس قىلغان. شۇنىڭدەك يۇيۇ، سىتۇ (يەر ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى)، ساتراپ، تەپتىش، سەركەردە (جاڭجۈن) قاتارلىق چوڭ - كىچىك مەنسەپلەر بولۇپ، بۇنى شىنجاڭ رايونىدىكى ئۇيغۇر ياكى كىدانلارغا بەرگەن. غۇلجا ۋە شايار قاتارلىق جايلاردىن ئىلگىرى - كېيىن تېپىلغان مۇشۇ دەۋردىكى كىدانچە يېزىقلىق مىس تامغىلار لياۋخاندانلىقى شىنجاڭ رايونىدىكى باشلىقلارغا بەرگەن مەنسەپ تامغىسىدۇر.

5. ئالىخا ئامبال (شېڭشاڭشۇشېك) ۋە ئوردا ئىشلىرى ۋازىرى (شىڭجۇڭشۇشىڭ). شىنجاڭ رايونىنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەتكە بولغان تەۋەلىك مۇناسىۋىتى موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، يەنى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە يەنىمۇ كۈچەيتىلگەن. مىلادى 1225 - يىلى، چىڭگىزخان ئۆزى بويسۇندۇرغان يەرلەرنى ئوغۇللىرىغا بۆلۈپ بەرگەن. بۇلاردىن چاغاتايغا غەربىي لياۋ خانلىقىنىڭ زېمىنى تەگكەن، ئۆگدەيگە نايمانلار زېمىنى تەگكەن. ئۇلارنىڭ شىنجاڭ دائىرىسىدە بىر بۆلۈك سۇيۇرغاللىق

بىرى بولغان. مۆڭگۈ خان تەختتىكى چاغدا، 1251 - يىلى بەشبالىق ۋە ئامۇ دەريا قاتارلىق جايلاردا ئالىغا ئامبال تەسىس قىلىنغان (10). بەشبالىقتىكى شىنجاڭ ۋە يەتتە سۇ رايونىنى باشقۇرغان، ئامۇ دەرياسىدىكى ماۋارە ئۇننەھر رايونىنى باشقۇرغان. مانا بۇ ئېلىمىز تارىخىدا شىنجاڭدا قۇرۇلغان ئەڭ بۇرۇنقى مەمۇرىي ئۆلكە ھېسابلىنىدۇ. قۇبلاي يۈەن سۇلالىسىنى قۇرغاندىن كېيىن، شىنجاڭغا قارىتىلغان بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىقنى ھەدەپ كۈچەيتكەن. ئالمىلىقتا مەمۇرىي ئوردا ئىشلىرى ۋازىرى (جۇڭشۇشىڭ) تەسىس قىلغان (11). ئوردا ئىشلىرى ۋازىرى — يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەركىزىي ئاپپاراتى ئىدى. مەمۇرىي ئوردا ئىشلىرى ۋازىرى بولسا ئوردا ئىشلىرى ۋازىرى بەلگىلەپ ئەۋەتكەن ئاپپارات بولۇپ، ئەمەلىيەتتە بىر دەرىجە يۇقىرى يەرلىك ھۆكۈمەت ھېسابلىناتتى. مەمۇرىي ئوردا ئىشلىرى ۋازىرىنىڭ تەسىس قىلىنغانلىقى شىنجاڭنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان بىرلىكىنىڭ يەنىمۇ كۈچەيگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. مەمۇرىي ئوردا ئىشلىرى ۋازىرىنىڭ قول ئاستىدا تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسى، ئەمىر لەشكەر مەھكىمىسى، جارچى جۇجۇغى، كۆزىتىش جۇجۇغى تەسىس قىلغان (12). مىلادى 1278 - يىلى جىنايى ئىشلار كۆزىتىش جۇجۇغى تەسىس قىلغان، 1280 - يىلى بەشبالىقتا تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسى تەسىس قىلغان. 1283 - يىلى بەشبالىق، قوچۇ قاتارلىق جايلاردا جارچى - سىلاۋچى جۇجۇغى تەسىس قىلغان. 1295 - يىلى بەشبالىق، كۇسەندە ئەمىر لەشكەر مەھكىمىسى تەسىس قىلغان. موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئىچكى رايوننىڭ باشقا جايلىرىدىكىگە ئوخشاش، شىنجاڭنىڭ ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەتلىرىگە نازارەتچى داروغاچ تەيىنلىگەن.

6. ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسى. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، مەمۇرىي، ھەربىي جەھەتتە ھەربىي مەھكىمە تۈزۈمىنى يولغا قويغان. ئىلى جياڭجۈنى شىنجاڭنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلىرىنى باشقۇرغان. ئۇ ئەمەلىيەتتە ھەربىي رايون تۇتۇق ھىراۋۇلى، ئوردا ئىشلىرى ۋازىرىنىڭ داۋاملاشتۇرۇلۇشى ۋە راۋاجلاندۇرۇلۇشى ئىدى. ئىلى جياڭجۈنىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەسى بالقاش كۆلىنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبى، تالاس، چۇ دەرياسى ۋادىسىدىكى قىسمەن جايلار، پامىر ئېگىزلىكى ۋە ھازىرقى شىنجاڭنىڭ كۆپلىگەن جايلىرىنى (ئالتاينىڭ كۆپلىگەن جايلىرىنى ئولاستايدىكى چېگرا رايونى تىنچلاندۇرغۇچى سول قول ئورۇنباسار جياڭجۈن باشقۇرغان) ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسى كۈرە قەلئەسىدە تۇرغان. ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئۈرۈمچىدە دۇتۇڭ، تارباغاتايدا مەسلىھەت ئامبىلى، قەشقەردە مەسلىھەت ئامبىلى ۋە ھەر قايسى جايلاردا بەلگىلەپ ئەۋەتىلگەن ئىش باشقۇرغۇچى ئامبال، لەشكەر باشلىغۇ-

چى ئامبال قاتارلىقلار قويۇلغان، بۇلارمۇ ئىلگىرىكى تۇتۇق، تەيتمش، جارچى جۇجۇغى ئەمرۇلەشكەر قاتارلىق مەنسەپلەرنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى ئىدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتا تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ئۇسۇلنى قوللانغان. ماناس، سانجى ، جىڭشى مەھكىمىسى ۋە ئۈرۈمچى بىۋاستە قاراشلىق ئوبلاستىدا، ئوبلاست، ناھىيە تۈزۈمىنى يولغا قويغان؛ قۇمۇل، تۇرپاندا ۋە تورغاۋۇت، خوشۇت قاتارلىق موڭغۇل قەبىلىلىرىدە ۋارىسلىق قىلىنىدىغان جاساق تۈزۈمىنى يولغا قويغان، بۇلار لەشكەر باشلىغۇچى ئامبالنىڭ نازارەتچىلىكىدە بولغان؛ تيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى جايلاردا ئىلگىرىكى بەگلىك تۈزۈمى ساقلاپ قېلىنغان، ئۇلار قەشقەردە مەسلىھەت ئامبىلىنىڭ ئىدارە قىلىشىدا بولغان.

7. ئۆلكە تەسىس قىلىنغان. XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ياقۇپبەگ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، قەشقەردە ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيەت قۇرغان. 1877 - يىلى زوزۇڭتاڭ زور قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پائال مەدەت بېرىشى بىلەن، بىر يولىلا قەشقەرنى قايتۇرۇپ ئېلىپ، ياقۇپبەگنىڭ ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيىتىنى گۇمران قىلىپ، چارروسىيە ۋە ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ شىنجاڭنى يۇتۇۋېلىش خام خىيالىنى بىتچىت قىلغان. 1884 - يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى زوزۇڭتاڭ، ليۇجىنتاڭلارنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىشنى تەستىقلىغان . ليۇجىنتاڭ شىنجاڭغا ھەربىي - مەمۇرىي ۋالىي بولغان . ۋېي گۇاڭتاۋ شىنجاڭغا بۇجىڭسى (مەمۇرىي باشلىق) بولغان. شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ھەربىي - مەمۇرىي تۈزۈمنى زور دەرىجىدە ئىسلاھ قىلغان. ھەربىي مەھكىمە تۈزۈمى، بەگلىك تۈزۈمى، جاساق تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ۋىلايەت (داۋ)، مەھكىمە (فۇ)، ئوبلاست، ناھىيە تۈزۈمىنى يولغا قويغان، 1902 - يىلغا كەلگەندە، شىنجاڭ بويىچە جەمئىي ئۈرۈمچى ۋىلايىتى، ئاقسۇ ۋىلايىتى، قەشقەر ۋىلايىتى، ئىلى - تارباغاتاي ۋىلايىتى قاتارلىق تۆت ۋىلايەت، بۇنىڭ قارمىقىدا ئالتە مەھكىمە، ئون نازارەت، ئۈچ ئوبلاست، 23 ناھىيە ۋە شۆبە ناھىيە تەسىس قىلىنغان. شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مەمۇرىي رايونغا ئايرىلىشى قەدەممۇ قەدەم مۇكەممەللەشكەن ۋە ئىچكى رايونلارنىڭ سىياسىي تۈزۈمى بىلەن تامامەن بىردەك بولغان . ھەر دەرىجىلىك ھەربىي - مەمۇرىي ئەمەلدار تامامەن مەركىزىي ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن . شىنجاڭنىڭ ھەربىي - مەمۇرىي ۋالىيسى شىنجاڭنىڭ ئەڭ يۇقىرى ھەربىي - مەمۇرىي ئەمەلدارى بولۇپ ، گەنسۇ باش ۋالىيسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان .

# تارىختا ئۆتكەن مەركىزىي خاندانلىقلار ئەمىر - پەرمانلىرىنىڭ شىنجاڭدا يۈرگۈزۈلۈشى

ئېلىمىزدە ئۆتكەن فېئودال خاندانلىقلار شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتا، ئاپپارات قۇرۇپ، مەنسەپ تەسىس قىلغاندىن باشقا، يەنە شۇ مەنسەپدارلار ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىنى شىنجاڭغىچە كېڭەيتىپ يولغا قويغان. غەربىي رايوندا تۇتۇق ھىمراۋۇلى تەيىنلەنگەندىن كېيىن «خەن سۇلالىسىنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرى غەربىي رايوندا يۈرگۈزۈلدى» [15] دېگەنىدە، ئەنە شۇ ئەھۋال كۆزدە تۇتۇلغان.

1. باج - سېلىق ئېلىش. پادىشاھقا ئۆز رايونىنىڭ يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىدىن تاپشۇرۇش — ئۆتكەن سۇلالىلەر دەۋرىدە يولغا قويۇلۇپ كەلگەن ئولپان تۆلەش ئادىتى ئىدى. شىنجاڭنىڭ فەرغانە ئېتى، ئۇيسۇن ئېتى، خوتەننىڭ قاشتېشى، ئۈزۈم، قوغۇن - تاۋۇز، يەل - يېمىشلىرى، گىلەم، دورا - دەرمەكلىرى، سىپتا توقۇلغان باختا رەخت قاتارلىقلار تارىختىن بۇيان مەركىزىي خاندانلىققا بېرىلىدىغان ئاساسلىق ئولپان بۇيۇملىرى بولۇپ كەلگەن. ئولپان بۇيۇملىرىنىڭ سانى بەزىدە خېلى كۆپ بولغان. خاندانلىقنىڭ شىنجاڭدىن ئالىدىغان باج - سېلىقلىرى بۇنىڭ بىلەنلا چەكلەنمەيتتى، ئەلۋەتتە. مەسىلەن، شىمالىي ۋېي خانلىقى شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندا، قىسمەن جايلاردا «ۋىلايەت، ناھىيىلەرگە ئوخشاش، خەلقتىن ئالۋان - ياساق (ھاشا) ئېلىش» سىياسىتىنى يولغا قويغان[16]. تاڭ خاندانلىقى كىنگىت، كۇسەن، سۇلې، ئۇدۇن ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى ئۇرۇمتايدا سودا بېجى ئېلىش بىلەنلا قالماي، خېلى بىر قىسىم جايلاردا يەردىن ئىجارە ھەققى ئېلىش، ئەمگەك كۈچى بارلاردىن ئالۋان (ھاشا) ئېلىش، ئائىلىدىن سېلىق ھېسابىدا رەخت ئېلىش تۈزۈمىنى يولغا قويغان. تۇرپاندا يەر ئاستىدىن چىققان تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ تۈتۈن (نوپۇس) ئىشلىرىدىن مەلۇمات بېرىدىغان دەپتەرنىڭ قالدۇق پارچىلىرىدا، كۆپىنچە «ئىسىم - فامىلىسى» ۋە «يېشى» دىن كېيىنلا، «ئوغۇل بالا»، «قىز بالا»، «يېشى تولغان كىشى»، «باج - سېلىق تۆلەشكە تېگىشلىك ئائىلە ياكى تېگىشلىك ئەمەس ئائىلە» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر ئەسكەرتىلگەن. بەزى ھۆججەتلەردە بۇ ئەھۋال بىر قەدەر ئېنىق ۋە كونكرېت خاتىرىلەنگەن. «غەربىي ئوبلاستتا باج - سېلىق، نەرسە - كېرەك تاپشۇرۇپ ئېلىنغان تىزىملىكتىن قالدۇق پارچىلار» غەربىي ئوبلاستلىق دېڭ دافاڭ، سۇڭ جىۋ، سۇڭ شۇنلىن، كاڭ سېيگەن قاتارلىقلارنىڭ تاپشۇرغان پۇل - نەرسىلىرىنىڭ ھەققىي خاتىرىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن:

پۇل، رەخت، كىمخاپ، ئاغامچا قاتارلىق نەرسىلەر

□ چى، پۇل 113 تىزىق 100 يارماق.

10 كۈرە ئىككى شىڭ تېرىق،

بىر كۈرە 7.2 شىڭ بۇغداي،

37 توپ 2 جاڭ چوڭ - كىچىك ئاق تورلىما

بىر توپ 9 چى تاۋار،

13 توپ 3 جاڭ 5 چى رەخت،

14 پارچە كىمخاپ،

19 تال ئاغامچا،

كىمخاپ،

13 تىزىق 300 يارماق پۇل،

55 پارچە كىمخاپ، ئاغامچا قاتارلىق نەرسىلەر.

غەربىي لياۋ خانلىقى شىنجاڭنىڭ قىسمەن جايلىرىدا ئونىدىن بىرلىك باج تۈزۈمىنى يولغا قويۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، قوچۇدا تۇرۇپ باج - سېلىق ئالىدىغان ئادەم بەلگىلىگەن. باجنى ۋاقتىدا تاپشۇرمىغانلارغا ئەسكەر ئەۋەتىپ جازا بەرگەن. موڭغۇللار شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندا، «غەربىي رايونلۇقلاردىن كىشى بېشىغا ھېسابلاپ باج - سېلىق ئېلىش» نى بەلگىلىگەن. يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئۇنجى خانى دەۋرىدە، «ئۇيغۇرلار تەۋەسىدە مۇ بېشىغا ھېسابلاپ باج ئېلىش ھەققىدە يارلىق چۈشۈرگەن»

چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭدا نىسبەتەن مۇرەككەپ باج تۈزۈمىنى يولغا قويغان. ئۇ بۇنى ھەم ئىچكىرىنىڭ باج قائىدىلىرىگە ئاساسلىنىپ، ھەم شىنجاڭنىڭ كونكرېت ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ بەلگىلىگەن. ئېلىنىدىغان باجنىڭ تۈرى كۆپ بولغان. مەسىلەن، قوشۇمچە يەر بېجى، رەسمىي باج، سودا بېجى، ئۆي ئىجارە بېجى، تىگمىجاي بېجى، كۆكتاتلىق بېجى، تىجارەت بېجى، تۈرلۈك باج، يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن ئولپان تاپشۇرۇشقا ئوخشاش.

2. ئەسكەر ئېلىش ۋە يۆتكەش. تارىختا ئۆتكەن خاندانلىقلار شىنجاڭدا ئەسكەر ئېلىش ۋە يۆتكەش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 89 - يىلى خەن سۇلالىسى كەيلىڭخۇنى قاڭقىلىغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتكەندە، ئاساسەن روۋەن، قارا قۇم (لوپنۇر)، رۇستان (كورلا) قاتارلىق ئالتە دۆلەتنىڭ قوراللىق كۈچىنى ئىشلەتكەن. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 71 - يىلى، چېرىكچى چاڭخۇي، ئۇيسۇننىڭ 50 مىڭ ئاتلىق ئەسكىرىنى باشلاپ

خەن سۇلالىسى قوشۇنىغا ماسلىشىپ هۇن ئاقسۆڭەكلىرىگە ئېغىر زەربە بەرگەن. پادىشاھ يۈەندىنىڭ يىلنامىسى جيەنجاۋنىڭ 3 - يىلى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 36 - يىلى). غەربىي رايون تۇتۇق ھىمراۋۇلى گەن يەنشۇ ۋە ياردەمچى چېرىكچى چېن تاڭلار ئوتتۇرانجى ئىركەك چېرىكچىلەر باشچىلىقىدىكى ئەسكەرلەر ۋە غەربىي رايون دۆلەتلىرىنىڭ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ قۇتتۇش تەڭرىقۇتنى گۇم قىلغان». بەن(17) چاۋ غەربىي رايوندا ئىشلەپ يارغان بىر قاتار جەڭلەردە. ئاساسلىقى شىنجاڭنىڭ يەرلىك قوشۇنلىرىنى ئىشقا سالغان ۋە شۇلارغا تايىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. تاڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۇرۇشىدىلا ئەمەس، ئۆكتۈك - سۆيگىن توپىلىڭىنى تىنچىتىشتىمۇ شىنجاڭنىڭ يەرلىك قوشۇنىنى كۆپلەپ يۆتكەپ ئىشقا سالغان. شيەنچىڭنىڭ 4 - يىلى (659 - يىلى) 1 - ئايدا. تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ: «غەربىي رايوندىكى قەبىلىلەر ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان مەھكىمە. ئوبلاستلارغا تامغا بېرىپ، ئەسكەر يۆتكەشكە ئاساس قىلغان»(18). «چەنيۈەننىڭ تۇنجى يىلى، غەربىي رايوندىكى توققۇز دۆلەتنىڭ ئەسكەر چىقىرىپ خان ئۈچۈن تارانچىلارغا جازا يۈرۈشى قىلغان(19). بۇ مەزگىلدە ئۇدۇن خانى ۋىسار شىڭ ئۆزى بىۋاسىتە 5000 ئەسكەرنى باشلاپ ئىچكىرىگە بېرىپ. تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەزىپە تاپشۇرۇشىنى كۈتكەن(20) يالاۋغ تاشمىمۇ غەربكە قاچقاندا ئازراق ئەسكەر بىلەن قاچقان بولسىمۇ، بىر قاتار غەلىبىلىك جەڭلەرنى قىلىپ. غەربىي لياۋخاندانلىقىنى قۇرۇشتا ئاساسلىقى يەرلىك ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ قۇراللىق كۈچىگە تايانغان.

3. بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىقچىلىق ئىشلىرىنى يولغا قويۇش. شىنجاڭدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە رەسمىي باشلانغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆتكەن فېئودال خاندانلىقلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بولمىغان ھالدا بۇ تۈزۈمگە ۋارىسلىق قىلغان ۋە ئۇنى زور دەرىجىدە راۋاجلاندۇرغان.

غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىقچىلىق قىلىشتا. ئاساسلىقى بۈگۈر، چېدىر. روۋەن مەركەز قىلىنىپ، پەيدىنپەي يەكەن. نىيە. ئاقسۇ. لۈكچۈن. يارغول. ئېۋىرغول، بارىكۆل، ئالتۇن بالىق (جىمسار)، قىزىل قورغان قاتارلىق جايلارغىچە كېڭەيتىلگەن. بۇ يەرلەردە ئىشلەپچىقىرىشقا قاتناشقانلار ئىچكىرىدىن كەلگەن خەنزۇ ئەسكەر. خەلق بولۇپلا قالماي، يەرلىك ھەر مىللەت ئەمگەكچىلىرىمۇ قاتناشقان. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدىكى لى داۋيۈەننىڭ «سۇ يوللىرى ھەققىدە ئىزاھ» دېگەن ئەسىرىدە كىشىنى ئىنتايىن تەسىرلەندۈرىدىغان مۇنداق بىر ھېكايە خاتىرىلەنگەن: غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى، دۇنخۇاڭلىق سولى مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ لوپنۇر ئەتراپىغا بېرىپ. بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق

[illegible]
تۈلار جۈملە (؟) دەرياسىدىن سۇ باشلاپ يەر سۇغۇرۇش ئۈچۈن دەريانى توسۇ-
شقا توسۇشنى قارار قىلغان. لېكىن سۇ تۇلۇغ بولغاچقا، توسما ياساپ توسۇش
قىيىن بولغان. شۇنىڭ بىلەن سۇلاپ كۆپچىلىكنى تەشكىللەپ، جەڭ قىلغاندەك سەپ
تۈزۈپ، ئالغا دەپ ۋاقىراۋەگەن، ئۈچ كۈنلۈك مۇشەققەتلىك كۈرەش بىلەن ئاخىرى
سۇنى توسۇۋالغان، سۇ مەسىلىسى ھەل بولغاچقا، تېرىقچىلىقتىن كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم
ئالغان. «ئۈچ يىل كەڭ تېرىقچىلىق قىلىپ، بىرەر مىليون جىڭ ئاشلىق توپلىغان» .
بۇ ھېكايىگە بەزى ئەپسانىۋى تۈس ئارىلاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ خەنزۇ خەلقى
بىلەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، سۇ ئىنشا ئاتلىرى
ياساپ، كەڭ تەبىئەتكە قارشى قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش ئېلىپ بارغان باتۇرانە
روھنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

سۇي سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىقچىلىق قىلىشى ئومۇمەن
ھازىرقى قۇمۇل، چارقىلىق ئەتراپىدا بولغان.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىقچىلىق قىلىشى. ئاساس-
لىقى ، كىنگىت، كۇسەن، سۇ لېي، ئۇدۇن، بەشبالىق، ئېرۋىرغول، غەربىي ئوبلاست
قاتارلىق جايلاردا بولغان ئىش. «تاڭ سۇلالىسىنىڭ يېڭى تارىخى. تۇبۇت تەزكىرى-
سى» دە: «بۇگۇر، ئېرۋىرغول، ھەربىي تېرىقچىلىق مەيدانلىرىدىكى ئېكىنزارلىقتا كۆز
يەتمەيتتى » دېيىلگەن. يازما خاتىرىلەردىن قارىغاندا، كەيىۋەن يىللىرى، شىنجاڭ
بويىچە جەمئىي 56 مەيدان بولۇپ، بۇنىڭدىن ئەنشى تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسى قارىمى-
قىدا 20 مەيدان، سۇلېدا 7 مەيدان، بەشبالىق تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسى قارىمىقىدا
27 مەيدان، ئېرۋىرغول قوشۇنىدا بىر مەيدان، تىيانشان قوشۇنىدا بىر مەيدان بولغان.
ھەر بىر مەيداننىڭ يېرىنى 50 چىڭ (بىر چىڭ يۈزموغا تەڭ) ھېسابلىغاندا، شىنجاڭ
بويىچە تېرىقچىلىق مەيدانىنىڭ يېرى 2800 چىڭدىن ئاشىدۇ(22). ھازىرقى بارىكۆل،
قارا شەھەر، كۇچا، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردىمۇ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ
ئورغۇنلىغان ھەربىي تېرىقچىلىق مەيدانلىرىنىڭ خارابىسى تېپىلغان. يۈەن سۇلالىسى
دەۋرىدە شىنجاڭدا ھەربىي تېرىقچىلىق ئاساسەن قىلىنغان. بولۇپمۇ بەشبالىق، خوتەن،
كۇسەن، قوچو قاتارلىق جايلاردا تۇرۇشلۇق قوشۇنلار تامامەن بوز ئېچىپ تېرىقچىلىق
قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇنىڭغا قول ھۈنەر ئۇستىلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت
خەلقىنى يۆتكەپ ئاپىرىپ قاتناشتۇرغان. مەسىلەن، 1288 - يىلى خوتەن، قەشقەر-
دىن 1050 ئۆيلۈك ئۇستىنى يۆتكەپ تېرىقچىلىق ئىشلىرىغا قاتناشتۇرغان . 1293 -
يىلى 700 ئۆيلۈك قىرغىزنى قەشقەرگە يۆتكەپ ئاپىرىپ بوز ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشقا

ئاتىلىشتۇرغان (42). چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى تېرىقچىلىق كۆلىمى ئىلگىرىكىدىن تېخىمۇ كەڭ بولغان. ئۇنىڭ تۆرت جەھەتتە، خەلق تېرىقچىلىق مەيدانى، ھەربىي تېرىقچىلىق مەيدانى، مۇسۇلمانلار تېرىقچىلىق مەيدانى، خوشۇن تېرىقچىلىق مەيدانى. جىنايەتچىلەر تېرىقچىلىق مەيدانى ۋە سودىگەرلەر تېرىقچىلىق مەيدانى بولغان. ئۇنىڭ مۇھىم نۇقتىسى شىمالىي شىنجاڭدا. يەنى قۇمۇل، بارىكۆل، مورى، جىمسار، فۇكاڭ، تۇدۇنخې، لۇساۋگۇ، تاشىخې، سانجى، قۇتۇبى، ماناس، شىخو، جىڭ، تارباغاتاي، ئىلىدا بولغان. زەيسان كۆلىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئېرتىش دەرياسى ۋادىسىمۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىقچىلىق قىلىش مەيدانى بولغان. جەنۇبىي شىنجاڭدا پىچان، تۇرپان، توقسۇن، قارا شەھەر، ئۇچتۇرپان، ئاقسۇ قاتارلىق جايلار بىلەنلا چەكلەنگەن. «چيەنلۇڭ زەپەرنامىسى» دېگەن كىتابتىكى خاتىرىدىن قارىغاندا، چيەنلۇڭ يىللىرى شىمالىي شىنجاڭدىكى تېرىقچىلىق كۆلىمى تەخمىنەن 238 مىڭ 600 مودىن ئارتۇق، جەنۇبىي شىنجاڭدىكىسى تەخمىنەن 49 مىڭ 200 مو بولۇپ، ھەر يىلى 240 مىڭ دەن ئاشلىق ئالغان.

4. قاتناش ئىشلىرىنى باشقۇرۇش. تارىختا ئۆتكەن مەركىزىي خاندانلىقلار ھەربىي، سىياسىي قۇرۇلۇش ئېھتىياجىنى نەزەرگە ئېلىپ، شىنجاڭنىڭ قاتناش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن. جاڭ چيەن غەربىي رايونغا ئەلچىلىككە چىققاندىن كېيىن، ئىچكى رايونلاردىن شىنجاڭ ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىياغا بارىدىغان قاتناش يولى ئاساسەن ئىككى ئىدى. ئۇنىڭ بىرى يۈمېڭ قوۋۇقىدىن چىقىپ، يارغول، كۇسەن، سۇلېي ئارقىلىق غەربكە يۈرۈپ، پامىر ئېگىزلىكى ئارقىلىق شىمالغا يۈرۈپ پەرغانە. پارتخىيە (ئىران) قاتارلىق جايلارغا بارىدىغان يول، بۇ شىمالىي يول دېيىلگەن: يەنە بىرى، ياڭگۇەن قوۋۇقىدىن چىقىپ، پىشامشان، ئۇدۇن، يەكەندىن ئۆتۈپ، يەنە غەربكە يۈرۈپ پامىر ئېگىزلىكىنىڭ جەنۇبى ئارقىلىق ئۇلۇغ ياۋچى (ھازىرقى ئامۇ دەريا ۋادىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى) ۋە پارتخىيىگە بارىدىغان يول، بۇ جەنۇبىي يول دېيىلگەن. پارتخىيىدىن يەنە غەربكە قاراپ ماڭساكونارۇم(ھازىرقى ئىراقىياكى ئەرەب)غا باراتتى. بۇ جۇڭگو ۋە چەت ئەلدە مەشھۇر «يىپەك يولى» ئىدى. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە، تىيانشان تېغىنى بويلاپ شىمالغا يۈرۈپ ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا بارىدىغان بىر يولمۇ پەيدىنپەي راۋاجلانغان. يەنى يۈمېڭ قوۋۇقىدىن چىقىپ غەربكە قاراپ يۈرۈپ ئېۋىرغولنىڭ غەربىي شىمالىغا كېلىپ، بارىكۆل. بەشبالىق. ئۈرۈمچى . قويچى (گۇكيۇ) ئارقىلىق ئىلى دەرياسىدىن ئۆتۈپ، سۇيئاب ۋە ئوتتۇرا دېڭىز رايونىغا بارىدىغان يول، بۇ «يېڭى شىمالىي يول» دېيىلگەن (بۇ يول سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە زور دەرىجىدە راۋاجلانغان). خەن سۇلالىسىنىڭ مەركىزىي

ھۆكۈمەتى بۇ يوللارنىڭ راۋانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن كۆپ خىزمەت ئىشلىگەن. بۇگۈر، چېدىسىردىكى ھەربىي تېرىقچىلىق مەيدانلىرىنى بىنا قىلىشتا، دەسلەپتە ئاساسلىقى مۇشۇ يوللار ئارقىلىق كېلىپ-كەتكۈچى جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئەلچىلىرىنى تەمىنلەش كۆزدە تۇتۇلغان. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە، يولۇچىلارنى تەكشۈرۈپ تورۇش ۋە قوشۇمچە قاتناش ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن، يەنە نۇرغۇنلىغان جايلارغا تۇر، ئۆتكەل، قورغانلار سېلىنغان. ھازىرقى كۈچا ناھىيىسىدىكى مەشھۇر قىزىل قاغا تۇرى ۋە باي ناھىيىسىدىكى ھاڭ تاشقا ئويۇلغان «ليۇپىڭگونىڭ ئۆتكەلنى ئىدارە قىلىش خاتىرىسى» مۇشۇ جەھەتتىكى ئەھۋالنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مۇھىم تارىخىي-مەدەنىي يادىكارلىق ھېسابلىنىدۇ. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، شىنجاڭ ئىچكى رايونلار بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، مۇھىم قاتناش يوللىرىغا مەلۇم ئارىلىقتا بىردىن ساراي ياكى بېكەت (رابات) تەسىس قىلىنىپ، ئۆتكەن-كەچكەنلەر كۈتۈۋېلىنغان. مەسىلەن، غەربىي ئوبلاست (قوچو) دىن كىنگىتكە بارىدىغان يولدا لۇگىۋاڭ سارىيى، شىنچېڭ سارىيى؛ غەربىي ئوبلاستتىن بەشبالىققا بارىدىغان يولدا لۇڭچۈەن سارىيى؛ بارخان (ھازىرقى ئاقسۇ) دىن سۇلېغا بارىدىغان يولدا جىجۇ سارىيى، جيالۇ سارىيى؛ سۇلېدىن ئۇدۇنغا بارىدىغان يولدا جىغەن سارىيى(25) بولغان. بۇلاردىن باشقا، بەشبالىق تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسى ياكى ئەنشى تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسىدىن سۇيئاب كەنتىگە بارىدىغان راۋان يول بولۇپ، يول بويى مۇداپىئە قوشۇنلىرى جايلاشقان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە، يەكەت (رابات) ياساشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن. 1274-يىلى ئۇدۇن، يەكەن قاتارلىق جايلاردا 15 ئورۇنغا سۇ-قۇرۇقلۇق بېكىتى قۇرۇلغان(26). 1281-يىلى تەيخېلىڭ (ھازىرقى تىيانشان تېغىنىڭ غەربىي شىمالىي قىسمى) دىن بەشبالىققىچە بولغان يول ئۈستىدە يېڭىدىن 30 بېكەت قۇرۇلغان.(72) 1285-يىلى يەنە بەشبالىقتا بېكەت قۇرۇلغان(28). 1286-يىلى لوپ، كەتەك، چەرچەن ۋە خوتەن قاتارلىق جايلاردا بېكەت قۇرۇلغان(29). 1291-يىلى يەنە قىرغىز بىلەن ئۇيرات رايونلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئالتە بېكەت قۇرۇلغان.(30)

5 . پۇل قويۇش ۋە تارقىتىش. غەربىي خەن سۇلالىسىدىن باشلاپ ئۆتكەن مەركىزىي خاندانلىقلار تارقاتقان پۇللار شىنجاڭدا ئىشلىتىلگەن. مەسىلەن، خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇجۇ يارمىقى، ۋاڭماڭنىڭ خوچەن پۇلى، جەنۇبىي-شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى قايچىلاپ ياسالغان يارماق، تاڭ سۇلالىسىنىڭ «كەييۈەن»، «دالى»، «چەنيۈەن» يارماقلىرى ۋە سۇڭ سۇلالىسىنىڭ داچەن پۇللىرى شىنجاڭدىن تېپىلدى. 1977-يىلى ھازىرقى خوتەننىڭ شەرقىي جەنۇبىدا تەخمىنەن 25 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى يوروڭقاش دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى مەلىك ئاۋات

ھارابىسىدىن بىر قېتىمدىلا 45 كىلوگرام ئۈجمە يارمىقى تېپىلغان. ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، يۈەن سۇلالىسى شىنجاڭدا بىۋاسىتە پۇل تارقىتىش ئىشلىرىنى باشقۇرۇش جۈجىغى ۋە پۇل خەزىنىسى تەسىس قىلغان(31). يۈەن سۇلالىسى نەشىر تارقاتقان پۇل — «جۇڭتۇڭ پۇلى»، «جىيۈەن پۇلى» شىنجاڭدا ئىشلىتىلگەن. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىنلا، ئۇيغۇرلار يۇرتىدا ئىلگىرى ئىشلىتىلگەن تېيىن - تومپۇر پۇلنى (قېلىن، تۆشۈكى يوق، ئىچكىرىدە ئىشلىتىلگەن پۇلدىن سەل كىچىك) ئۆزگەرتىپ قۇيدۇرغان. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ يەكەن، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان قاتارلىق ئۈچ جايدا پۇل قۇيۇش ئىدارىسى تەسىس قىلغان. تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى يولغا جايلاشقان باركۆل، گۇچۇڭ، ئۈرۈمچى، ئىلى ۋە قۇمۇل، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا تامامەن ئىچكىرىنىڭ پۇلى ئىشلىتىلگەن. بۇنى ئاساسلىقى ئىلىدىكى باۋيى قۇيمىچىلىق ئىدارىسى قۇيغان. قۇيمىچىلىق ئىدارىسىنىڭ كۆلىمى زور، قۇيغان پۇلنىڭ سانى كۆپ بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئۆزىنىڭ پۇل مۇئامىلە ئېھتىياجىنى ئاساسەن تەمىن ئەتكەن. يازما خاتىرىلەردىن قارىغاندا، يەكەن قۇيمىچىلىق ئىدارىسىدا 99 ئۇستا بولۇپ، بىر يىلى 9 - ئايدىن يىل ئاخىرىغىچە 2500 تىزىق (بىر تىزىقى مىڭ يارماق) پۇل قۇيغان. 1761 - يىلى شۇ قۇيمىچىلىق ئىدارىسى 80 مىڭ تەڭگىدىن ئارتۇق پۇل قۇيغان.

6. ھۆكۈمەت كالىندارلىرىنىڭ شىنجاڭدا قوللىنىلىشى. تارىخ كىتابلىرىدا قەيت قىلىنىشىچە، سۈي سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلانغان. سۈي سۇلالىسى خانىدانلىقىنىڭ 6 - يىلى (586 - يىلى)، پادىشاھ ۋېندى كالىندارى «تۈركلەردە قوللىنىلغان» (32). بەش سۇلالە دەۋرىدە، كېيىنكى جىن سۇلالىسى جاڭ كۇاڭيى، گاۋجۈ خەيلەرنى خوتەنگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپ، لى شېڭتيەنگە «تۇڭلۇغ ناياب خوتەن خانى» دېگەن ئۇنۋاننى بەرگەندە، ئۇلار خوتەندە قوللىنىلغان يىلنامىنىڭ ئىچكى رايوندىكىگە بەك ئوخشايدىغانلىقىنى بىلگەن. مەسىلەن، جىن سۇلالىسىنىڭ يىلنامىسى تيەنفۇنىڭ 7 - يىلى خوتەندە تۇڭچىڭنىڭ 29 - يىلىغا توغرا كەلگەن. 982 - يىلى سۇڭ سۇلالىسى ۋاڭ يەندېنى قوچوغا ئەلچىلىككە ئەۋەتكەندە، ۋاڭ يەندېمۇ قوچو ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلار قوللانغان كالىندارنىڭمۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ كالىندارى ئىكەنلىكىنى بىلگەن(33). غەربىي لياۋ خاندانلىقى شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندا، پۈتۈنلەي ئىچكى رايوننىڭ بىر يۈرۈش يىلنامىسى قوللىنىلغان. بۇنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ئەمەلىي ئەھمىيىتى ئانچە زور بولمىسىمۇ، قەدىمكى زاماندا ئۇنداق ئەمەستى. شۇ چاغدا «كالىندارغا ئەمەل قىلىش» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى قايسى خانىدانلىقنىڭ ئىدارە قىلىشىدا بولساڭ شۇ خانىدانلىقنىڭ

كالىندارنى قوللىنىشنىڭ كېرەك دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. دېمەك، شىنجاڭنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكى كالىندار جەھەتتىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

## قويۇق ئىقتىسادىي، مەدەنىي ئالاقە ۋە مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇشى

شىنجاڭنىڭ ئىچكى رايونلار بىلەن بولغان قويۇق ئالاقىسى غەربىي خەن خاندانلىقى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن بۇرۇنلا باشلانغان. ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللاردىن ئىسپاتلىنىشىچە، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن تېپىلغان يېڭى تاش قورال مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ سىلىق تاش قورال مەدەنىيىتى بىلەن شەرقىي شىمال، ئىچكى موڭغۇل، نىڭشيا ۋە گەنسۇ، چىڭخەي قاتارلىق جايلارنىڭ سىلىق تاش قورال مەدەنىيىتى مەزمۇن جەھەتتە بىر مۇنچە ئورتاقلىققا ئىگە، تېررىتورىيە جەھەتتىمۇ بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن. بۇ ئەھۋال شۇ چاغدىكى شىنجاڭ بىلەن ئىچكى رايوننىڭ شۇ جايلىرى ئوتتۇرىسىدا قويۇق بېرىش - كېلىش بولغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن ئورتاق ئالاھىدىلىككە ئىگە بىرلىككە كەلگەن مەدەنىيەت ۋۇجۇتقا كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. جيەنگو دەۋرىدە يېزىلغان «مۇتيەنزى تەزكىرىسى»، «تاغ - دەريالار قامۇسى» قاتارلىق كىتابلاردا شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي شارائىتىغا دائىر بەزى ئەھۋاللار بايان قىلىنغان، شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار بۇرۇنلا ئىچكى رايونلارنىڭ ئادەملىرىنى «چىنلار» دەپ ئاتىغان. بۇنداق ئاتاش ئۇزۇن ۋاقىت داۋاملاشقان. بۇ شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، شىنجاڭلىقلار ۋە شىنجاڭنىڭ غەربىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار ئىچكى رايون ئادەملىرىنى ئاللىبۇرۇن بىلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، خەن پادىشاھى ۋۇدىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەر ئوتتۇرىسىدىكى قويۇق مۇناسىۋەت تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى ئىدى.

ئۇزۇندىن بۇيان، شىنجاڭ بىلەن ئىچكى رايونلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرغان مۇھىم بىر ۋاسىتە «يىپەك يولى» بولغان. مەملىكىتىمىز دۇنيا بويىچە ئەڭ بۇرۇن يىپەك كەشىپ قىلغان مەملىكەت. ئېلىمىزنىڭ يىپەك توقۇلمىلىرى خېلى بۇرۇنلا دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا ئاپىرىپ سېتىلغان. دېڭىز يولى قاتنىشى تېخى تەرەققىي قىلمىغان دەۋردە، شىنجاڭ ئارقىلىق پامىر ئېگىزلىكىنى كېسىپ ئۆتكەن بۇ «يىپەك يولى» ئېلىمىز بويىچە يىپەك توقۇلمىلىرىنى ئېكسپورت قىلىدىغان ئاساسلىق يول ئىدى. قەدىمكى يۇنانلىقلار، رىملىقلار دەسلەپتە ئېلىمىزنى «يىپەك ئېلى» دەپ

ئاتقان. بۇ شۇ چاغلاردا ئېلىمىز يىپەكلىرىنىڭ دۇنيا بويىچە داڭ چىقارغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. كېيىنكى ۋاقىتتا بەزىلەر يۇنان ۋە رىملىقلارنىڭ «يىپەك ئېلى» نىڭ جۇغراپىيىۋى شارائىتى توغرىسىدىكى بايانلىرىغا ئاساسەن، «يىپەك ئېلى» دېگەندە شىمال شىنجاڭ كۆزدە تۇتۇلغان بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىشقان. دېمەك، قەدىمكى شىنجاڭ ئېلىمىز بويىچە يىپەك توقۇلمىلىرىنى ئېكسپورت قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن.

شىنجاڭنىڭ ئېلىمىز بويىچە يىپەك توقۇلمىلىرىنى ئېكسپورت قىلىدىغان مۇھىم دەرۋازا ئىكەنلىكى يازما ھۆججەتلەردە كۆرۈلۈپلا قالماي، يەر ئاستىدىن چىققان كۆپ مىقداردىكى توقۇلما بۇيۇملار بىلەنمۇ ئىسپاتلاندى. يېقىنقى زاماندا، بولۇپمۇ ئازادلىقتىن كېيىن، شىنجاڭ بويىچە يەر ئاستىدىن تېپىلغان خىلمۇ خىل يىپەك توقۇلمىلار ئەينى ۋاقىتتا يىپەك سودىسىنىڭ گۈللەنگەنلىكىنى كۈچلۈك ئىسپاتلىدى. يىپەك سودىسىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، يەنە يىپەكچىلىك تېخنىكىسىنىڭ تارقىلىش مەسىلىسى پەيدا بولغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۈەن يىللىرى شۈەنزاڭ خوتەندىكى ۋاقىتتا، يىپەكچىلىك تېخنىكىسىنىڭ خوتەنگە ئىچكى ئۆلكىدىن تارقىلىپ كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى ھېكايىنى ئاڭلىغان (34). ھېكايە تەسىرلىك بولۇپ، كەڭ تارقالغان. «تاڭ سۇلالىسىنىڭ يېڭى تارىخى. غەربىي رايون تەزكىرىسى» ۋە تىبەتچە «خوتەن تارىخى» دىمۇ بۇ ھېكايە خاتىرىلەنگەن. ھېكايىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: خوتەنگە پىلە ئۇرۇغىنى ئىچكى ئۆلكىدىن خوتەنگە ياتلىق قىلىنغان بىر مەلىكە ئالغاچ كەلگەن دېگەندىن ئىبارەت مۇشۇ ھېكايە تېما قىلىنىپ سىزىلغان سۈرەت خوتەندىكى داندان ئېرىق خارابىسىدىنمۇ تېپىلغان.

شىنجاڭ چارۋىلىرى، چارۋا مەھسۇلاتلىرى، قوغۇن - تاۋۇز، يەل - يېمىشلىرى، دورا - دەرمەكلىرى، قاشتېشى، پاختا، يۇڭ توقۇلمىلىرىنى ئىچكى رايون خەلقى ئەزەلدىن ياخشى كۆرۈپ كەلگەن. ئىچكى رايونلارنىڭ تۈرلۈك يىپەك قۇرۇلمىلىرىدىن باشقا، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتى ۋە قول ھۈنەر بۇيۇملىرى، مەسىلەن، چاي، تۆمۈردىن ئىشلەنگەن ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى قاتارلىقلارمۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىنتايىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن. يازما خاتىرىلەردىن قارىغاندا، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى بەزى دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى، مەسىلەن، ئۈزۈم، بىدە، تەرخەمەك، دادۇر قاتارلىقلار خەن سۇلالىسىدىن بۇيان شىنجاڭدىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە داۋاملىق تارقىلىپ كىرگەن. تۇرپاننىڭ ئۈزۈمى ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ئۈزۈمىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن. شىنجاڭنىڭ پاختىسىمۇ بەك مەشھۇر بولۇپ، كېيىن دېگەندىمۇ ۋېي، جىن، جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە، ئىچكى ئۆلكىلەرگە كۆپلەپ تارقالغان. خو-

تەنىنىڭ قاشتېشى ۋە قاشتېشىدىن ياسالغان بۇيۇملىرىمۇ بۇرۇنلا ئۆزىنىڭ نەپىس، گۈزەللىكى بىلەن ئوردا ـ ھەرەم، خان ـ پادىشاھلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن. شىنجاڭنىڭ يۇڭ توقۇلمىلىرى خەن سۇلالىسىدىن باشلاپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بازارلىرىدا بازىرى ئىتتىك مال بولۇپ كەلگەن. ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ مىتالچىلىق، ھەربىي قورال ـ ياراق ئىشلەش، قۇدۇق قېزىش قاتارلىق تېخنىكىسى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتى- سادىي تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ قەغەزچىلىك تېخنىكىسىمۇ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭ ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىياغا، ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئەرەب ۋە ياۋروپاغا تارقالغان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە، شىنجاڭدىن نەچچە مىڭلىغان «ھەر خىل ئۇستا» ۋە ئۈزۈم ئۆستۈرگۈچى ئون مىڭ ئۆيلۈكتىن ئارتۇق دېھقان ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىپ ماكانلاشقان. ئىچكى ئۆلكىلەردىمۇ نۇرغۇن- لىغان خەنزۇ ئۇستا ئالمىلىققا كۆچۈپ كەلگەن.

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ناخشا ـ ئۇسسۇلدا ماھىرلىقى بىلەن ئالىبۇرۇن داڭ چىقارغان. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭنىڭ ئۇدۇن مۇزىكىسىغا ئوخشاش بەزى مۇزىكىلىرى ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقىلىپ كىرگەن. شىنجاڭ خەلقى ياخشى كۆرىدىغان غۇڭقا، بەرباب، مىسجاڭ، سۇناي، غىجەككە ئوخشاش غەربىي رايون چالغۇلىرىمۇ ئىچكى رايونلارغا تارقالغان. بۇنىڭ بىلەن ئىچكى رايونلارنىڭ مۇزىكا ۋە ئۇسسۇللىرىغا نۇرغۇن يېڭى مەزمۇنلار قوشۇلغان. سۇي باۋ «قەدىمكى، ھازىرقىلار- دىن خاتىرە» دە: مۇزىكانت لى يەنيەنىنىڭ مەخدۇل مۇزىكىسى ئاساسىدا، «ئۆزگەرتىپ يېڭىدىن 28 باب ئاھاڭ ئىشلىگەن» لىكى خاتىرىلەنگەن. ۋېي، جىن سۇلالىلىرىدىن بۇيان، سېرىق تورنا، لۇڭتۇ، قۇۋۇقتىن چىقىش، قۇۋۇقتىن كىرىش، تېرەك ـ سۆگەتلەر يېشىلدى قاتارلىق ئۇنىڭغا يېقىن مۇزىكا ئىشلەنگەن. جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىنىڭ ئاخىرلى- رىدا، مەشھۇر كۇسەن مۇزىكانتى سۇجىپ ئىچكى رايونلارغا بېرىپ، ئىچكى رايونلار مۇزىكىسىنىڭ راۋاجلىنىشىدا غايەت زور رول ئوينىغان. سۇي سۇلالىسى ئوردىسىدا توققۇز بۆلۈم مۇزىكا بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئىككىسى كۇسەن بىلەن سۇلېنىڭ ئىدى. تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىدا ئون بۆلۈم مۇزىكا بولۇپ، بۇنىڭدىن كۇسەن، سۇلې، قوچۇ مۇزىكىسىدىن ئىبارەت ئۈچ بۆلۈمى شىنجاڭنىڭ ئىدى. بۇلاردىن باشقا، شىنجاڭنىڭ بەزى ئاممىۋى خاراكتېرلىك كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى، مەسىلەن، سېرىك ئويۇنى، سېھىرگەرلىكمۇ ئىچكى رايونلارغا تارقالغان.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، ئۇدۇنلۇق مەشھۇر رەسسام ۋىسار ئاتا ـ بالا ئىككىي- لەنىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ رەسساملىق ساھەسىدىكى تەسىرى ناھايىتى گەۋدىلىك بولغان. ۋىسارنىڭ رەڭنىڭ قېنىق ـ سۇسلىقى بىلەن نۇرنىڭ يورۇق ـ تۇتۇقلۇقىنى

ئىپادىلەشتەك بەدىئىي ئالاھىدىلىكى ئەينى ۋاقىتتا چاڭئەندە بەك ئومۇملاشقان. ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ رەسساملىق سەنئىتىمۇ شىنجاڭنىڭ رەسساملىق سەنئىتىگە مەلۇم تەسىر كۆرسەتكەن، ئەلۋەتتە. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭنىڭ بىر قىسىم سۈرەتلىرى تامغا، قەغەزگە، لاتىغا سىزىلغان، بولسىمۇ سىزىق، رەڭ بېرىش ۋە شەخسلەرنىڭ كىيىم - كېچەك، بېزەكلىرى، تاغ - دەريالار قىياپىتى، ئۆي - ئىمارەتلەر قۇرۇلمىسى، دەل - دەرەخلەرنى تەسۋىرلەشتە ئىچكى ئۆلكىلەر رەسساملىقىغا خاس بەزى ئالاھىدىلىكلەر سىڭدۈرۈلگەن.

مىلادى X ئەسىر، يەنى بەش سۇلالە دەۋرىدىكى شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، ئويما مەتبەئە تېخنىكىسى شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈلگەن. كۆپ خىل يېزىقتا ھەر خىل قەدىمىي كىتابلار بېسىلغان. ئەينى ۋاقىتتا تۇرپان رايونى پەيدىنپەي مەتبەئە مەركىزىگە ئايلانغان. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، گېرمانىيىنىڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكى تۇرپاندىن قەدىمكى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، سۇرىيەچە، پارسچە، سانسكرىتچە، تۈركچە قاتارلىق 17 خىل يېزىقتا ئويۇپ بېسىلغان بۇددا دىنى، مانى دىنى، نىستورى دىنى، زەردەش دىنى قاتارلىق دىنلارغا دائىر ھۆججەت ۋە قەدىمىي كىتابلارنى تاپقان [35]. بۇ كىتابلارنىڭ قايسى خىل يېزىقتا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسىگە خەنزۇچە خەتتە بەت نومۇرى بېسىلغان. شۇڭا بەزىلەر بۇنى خەنزۇ ئۇستىلارنىڭ قولىدىن چىققان دەپ قارايدۇ.

تاڭ سۇلالىسىدىن يۈەن سۇلالىسىغىچە، شىنجاڭدا قەدىمىي كىتابلارنىڭ كۆپ قىسمى خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىنغان. مەسىلەن، «ئۇلۇغ شەپقەت ئىبادەتخانىسى، سانزۇ كالام باخشى تەزكىرىسى» نى شىڭگو ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر قەدىمكى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان. ئۇيغۇر ئەنزاڭسىمىك «شاڭ سۇلالىسى تارىخى»، «ئەللىنى ئىدارە قىلىش ئۈرنەكلىرى»، «شەرھنامە»، «دورا گىيالار»، «جېنگۈەن يىللىرىدىكى مۇھىم سىياسىي ئىشلار»، «ئىبرەتنامە» قاتارلىق كىتابلارنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى كەمكەنىر شېئىرىنىڭ تېپىلىشى قەدىمكى زاماندا شىنجاڭلىقلارنىڭ مەدەنىيەت قوبۇل قىلغانلىقىنىڭ يەنە بىر كۈچلۈك دەلىلى. مەشھۇر ئۇيغۇر تىلشۇناس تاشاتۇڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئاساس قىلىپ، موڭغۇل يېزىقىنى ئىجاد قىلىش بىلەن موڭغۇل مەدەنىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا زور تۆھپە قوشقان.

ۋېي، جىن، جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەردىن باشلاپ، كۈكۈزىچىلىق شىنجاڭغا ئۈزلۈكسىز كىرگەن. يازما خاتىرىلەردىن قارىغاندا، ئەينى ۋاقىتتا قوچودا «نەزمىـ

نامە (诗)»، «تارىخنامە (书)»، «پالنامە (易)»، «يوسۇننامە (礼)»، «يىلنامە (春秋)» قاتارلىق كىتابلار بولغان، قوچۇ ئىدىقۇتىنىڭ ئوردىسىغا لۈئەيگوڭ-نىڭ كۇڭزىدىن سىياسىي - مەمۇرىي ئىشلارغا دائىر سوئال سوراۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن سۈرەت ئېسىلغان. ئۇنىڭ ھۆكۈمەت ئورگىنىدا كۇڭزىچىلىق تەلىماتىنى تارقىتىشقا مەسئۇل مەخسۇس ئەمەلدار تەسىس قىلىنغان(36). تاڭ سۇلالىسىمۇ شىنجاڭ-نىڭ ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەتلىرىدە مەخسۇس مۇشۇ جەھەتتىكى ئىشلارنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدار تەسىس قىلغان. «ئۈچ دۆلەت تەزكىرىسى» يېزىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى تەرىپىدىن كەڭ تۈردە كۆچۈرۈۋېلىنغان، «بايانغا جىن شۈەنىنىڭ ئىزاھى» دېگەن كىتابنىڭ يېقىندىن تېپىلغان تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى كۆچۈرمە نۇسخىسى كۇڭزىچىلىق ئىدىيىسىنىڭ شىنجاڭغا تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىمۇ كەڭ تارقالغانلىقىنى كۈچلۈك ئىسپاتلايدۇ.

سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى قويۇق مۇناسىۋەت تۈپەيلىدىن، شىنجاڭدىكى يەرلىك مىللەتلەر بىلەن ئىچكى رايوندىكى مىللەتلەر نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان ئۈزلۈكسىز تۈردە ئۆز ئارا قوشۇلۇش جەريانىدا ئۆتۈپ كەلگەن. ئۇيسۇنلار ئەسلىدە خېشى كارىدورىدىكى دۇنخۇاڭ ئەتراپىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن كۈن كەچۈرۈپ كەلگەن مىللەت بولۇپ، خەن سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا ئىلى رايونىغا كۆچۈپ كەلگەن، ئۇزۇن مۇددەتلىك قوشۇلۇش نەتىجىسىدە ھازىر بۇ نامنى ئېھتىمال قازاقلارنىڭ ئۇيسۇن قەبىلىسىلا ساقلاپ كەلگەن. ئېلىمىزنىڭ شىمالىدىكى قەدىمىي كۆچمەن چارۋىچى مىللەت ھۇن، سيانپى، جوجان، قاڭقىل، تۈرك، كىدان قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى شىنجاڭ تارىخىدا مۇھىم رول ئوينىغان بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا ئاساسەن باشقا مىللەتلەرگە قوشۇلۇپ كەتكەن. ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، خەنزۇلاردىمۇ نۇرغۇن ئادەملەر شىنجاڭدىكى يەرلىك مىللەتلەرگە قوشۇلۇپ كەتكەن.

ۋېي، جىن، جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرلىرىدە، ھازىرقى تۇرپان رايونىدا نۇرغۇن خەنزۇلار ئولتۇراقلاشقان بولسىمۇ، كېيىن تەدرىجىي يوقاپ كەتكەن. سۈي، تاڭ، سۇڭ، لياۋ سۇلالىلىرى دەۋرىدە، ھازىرقى چۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى، ئالتاي، ئىلى رايونلىرىدىمۇ نۇرغۇن خەنزۇلار بولغان. لېكىن كېيىنكى ۋاقىتتا ئۇلارمۇ يوقاپ كەتكەن. پامىر ئېگىزلىكى ۋە خوتەن رايونىدا، يەرلىك مىللەتنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىگە دائىر رىۋايەتنىڭمۇ بەزى جايلىرى خەنزۇلارغا چېتىلىدۇ(37). قەدىمكى چاغلارنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيىتى كۆپ بولغان، ئۇلارنىڭ شىنجاڭدىكى يەرلىك مىللەتلەرگە قوشۇلۇپ كەتكەنلىكىدىمۇ شەك يوق.

شىنجاڭلىقلارنىڭ ئىچكى رايونلارغا بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ، خەنزۇلارغا قوشۇلۇپ كەتكەنلىكمۇ تارىخ كىتابلىرىدا قەيت قىلىنغان. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە، شەنشىنىڭ يۈنجۇ ئوبلاستىدىكى لىچۈەن ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا ۋېنشۇيلىڭ 温宿岭 — ئۇون سۇ (ئاقسۇ) چوققىسى دەپ ئاتىلىدىغان تاغ بار ئىدى (38). بۇيەردە تېرىقچىلىق قىلغۇچى، جاۋا باققۇچىلار ئونسۇلۇق بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان. شەنشىنىڭ شىمال قىسمىدىكى يۈنفىرىقى ۋىلايەت (上郡) تە كۇسەن ناھىيىسى دەپ ئاتىلىدىغان بىر ناھىيە بار، بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇ يەردىكى ئاھالە كۇسەندىن كۆچۈپ بارغان. جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى لوياڭ. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى چاڭئەن شىنجاڭلىقلار بىر قەدەر مەركەزلەشكەن جاي بولۇپ، كۆپى ئۇزۇن ۋاقىت ئولتۇراقلىشىپ قالغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا كۆپلىگەن غەربىي تۈركلەر ئىچكى رايونلارغا بېرىپ ماكانلاشقان، كېيىنكى ۋاقىتتا، تۈركۈم - تۈركۈم ئۇيغۇرلار ئىچكى رايونلارغا كۆچۈپ بارغان. ئۇلارنىڭ ھەممىسى خەنزۇلارغا تەدرىجىي قوشۇلۇپ كەتكەن.

ئىچكى رايونلاردا ياشىغان شىنجاڭلىقلاردىن كۆپلىرى ئۆز ئىقتىدارىنى جارى قىلغان ۋە گەۋدىلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن. IV ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، كۇسەنلىك كوماراجىۋا ئىچكى رايوندا خەنزۇچە تىل - يېزىق ئۆگىنىپ، ئىنتايىن مەشھۇر تەرجىمەشۇناس بولغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئىچكى رايوندىكى سۇلىيلىق فېي خۇيلىن داڭدار تىلشۇناس بولۇپ، خەنزۇچە تىل - يېزىققا كامىل ئىدى. ئۇ خەنزۇ تىلىدىكى كۆپلىگەن بۇددا كىتابلىرى ۋە بۇددا دىنىغا ئائىت باشقا ئەسەرلەر شەرھلەنگەن «مۇقەددەس كىتابلارنىڭ ترانسكرىپسىيىلىك مەنىلىرى» دېگەن يۈز جىلدلىق كىتابنى خەنزۇچە يېزىپ چىققان، ئىلمىي قىممىتى يۇقىرى بولغاچقا، بۇ كىتاب ھازىرغىچە تارقىلىپ كەلگەن. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە «جىن سۇلالىسى تارىخى» نىڭ تەھرىرلىكىگە قاتناشقان سارابان، «لياۋ سۇلالىسى تارىخى» نىڭ تەھرىرلىكىگە قاتناشقان لەنخۇيشەن ھەييا، «ئۇزۇق - تۈلۈك، كىيىم - كېچەك تەييارلاشنىڭ دېھقانچىلىق ئاساسى» نى يازغان ئاگرانوم لۇمىنشەن ۋە ئەدىب گۇەن يۈنشى، چى جىدۇ. چى يۈلى، سەئىدۇللا قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر بولۇپ، ئۇلار خەنزۇ مەدەنىيىتىدىن چوڭقۇر تەسىر ئالغان ۋە ئۇنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغان.

قىسقىسى، شىنجاڭ بىلەن ئىچكى رايونلار ئوتتۇرىسىدا نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان ۋۇجۇتقا كەلگەن بىرلىك ۋەزىيىتى ھەرگىز تاسادىپىي ئەمەس. ئۇ چوڭقۇر بىلىم [illegible] ئىچكى [illegible] ئوبيېكتىپ تارىخي تەرەققى
[illegible]
[illegible]

بۆلۇنۇش ئەھۋالى كۆرۈلگەن تەقدىردىمۇ، شىنجاڭ بىلەن ئىچكى رايونلار ئوتتۇرى-سىدىكى ھەر خىل ئالاقە زادىلا ئۈزۈلمىگەن. شىنجاڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، تارىخىي پاكىتلار مونازىرە تەلەپ قىلمايدىغان دەرىجىدە شۇنى ئىسپاتلى-دىكى، مەملىكەتنىڭ بىرلىكى، مەملىكەت ئىچىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقى-ئەشلىرىمىزنىڭ چوقۇم غەلىبە قىلىشىنىڭ تۈپ كاپالىتى.

ئىزاھلار:

① «شىنجاڭنىڭ تارىخىي - مەدەنىي يادىكارلىقلىرى»، 21 - بەت، 9 - رەسىم،

② «ساۋادنامە»، گۇيىۋاڭنىڭ «ياقا يۇرتلار تەزكىرىسى» دىن ئېلىنغان نەقىل.

③ «شىنجاڭنىڭ تارىخىي - مەدەنىي يادىكارلىقلىرى»، 92 - بەت.

④ «تۇرپان مەدەنىي يادىكارلىق گۇرۇپپىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي: «تۇرپاندا قېزىۋېلىنغان جىن - تاڭ سۇلالىلىرىغا مەنسۇپ ھۆججەتلەر-دىن ئومۇمىي بايان»، «مەدەنىي يادىكارلىقلار» ژۇرنىلى، 1977 - يىل، 3 - سان.

⑤ تاڭ سۇلالىسى گۇاڭچىنىڭ تۇنجى يىلىدىكى قولىيازما: «ساجۇ، ئىۋىرغول ئوبلاست-لىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك تەزكىرىسى» نىڭ قالدۇق پارچىلىرى.

⑥ «ئۇلۇغ تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئالتە قامۇسى»، 30 - جىلد.

⑦ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، بىرىنچى قىسىم.

⑧ «لياۋ سۇلالىسى تارىخى»، 46 - جىلد، ئەمەلدارلار تەزكىرىسى.

⑨ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 3 - جىلد، شيەن زۇڭ خاتىرىسى.

⑩ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 8 - جىلد، شى زۇ خاتىرىسى 5.

⑪ (12) «خەن سۇلالىسى تارىخى»، 70 - جىلد، جېڭ جى تەزكىرىسى.

⑫ «ۋېي سۇلالىسى تارىخى»، 4 - جىلد، 2 - قىسىم، شى زۇ خاتىرىسى.

⑬ خۇاڭ ۋېنبى: «تۇرپان ئارخېئولوگىيە خاتىرىلىرى»، 26 - رەسىم.

⑭ «ئەلنى ئىدارە قىلىش ئىزنەكلىرىگە ئۈلانما»، 165 - جىلد، سۇڭ سۇلالىسى خاتىرىسى 165.

⑮ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 10 - جىلد، شى زۇ خاتىرىسى.

⑯ «خەن سۇلالىسى تارىخى»، 70 - جىلد، چېن تاڭ تەزكىرىسى.

⑰ «تاڭ سۇلالىسى تارىخىنىڭ مۇھىم بايانى»، 73 - جىلد.

« تاڭ سۇلالىسىنىڭ يېڭى تارىخى»، 221 ـ جىلد، توخارلار تەزكىرىسى.
« تاڭ سۇلالىسىنىڭ يېڭى تارىخى»، 110 ـ جىلد، ۋىسار شىڭ تەزكىرىسى.
« سۇ يىوللىرى قامۇسىغا ئىزاھ»، 2 ـ جىلد.
جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى نۇسخىسى: «تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئالتە قامۇسى» نىڭ 7 ـ جىلد «بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ۋازىرى» ماددىسىنىڭ ئىزاھى. يۇجىنسىبونىڭ «جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى نۇسخىسى ـ ئۇلۇغ تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئالتەقامۇسىنى سېلىشتۇرۇش خاتىرىسى» دىن ئېلىنغان نەقىل.
« يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 15 ـ جىلد، شىزۇ خاتىرىسى 12.
« يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 17 ـ جىلد.
« تاڭ سۇلالىسىنىڭ يېڭى تارىخى»، 43 ـ جىلد، جۇغراپىيىلىك تەزكىرە.
« يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 8 ـ جىلد، شىزۇ 5.
« يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 11 ـ جىلد، شىزۇ 8.
« يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 13 ـ جىلد، شىزۇ 10.
« يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 14 ـ جىلد، شى زۇ 11.
« يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 16 ـ جىلد.
« يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 11 ـ جىلد، شى زۇ 8؛ 12 ـ جىلد، شىزۇ 9.
« سۇي سۇلالىسى تارىخى»، 1 ـ جىلد، گاۋزۇ، بىرىنچى قىسىم.
« ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۈزنەكلىرىگە ئۇلانمىدىن تولام»، 25 ـ جىلد، تەي زۇڭ خاتىرىسى.
« ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى»، 12 ـ جىلد.
كات: «جۇڭگودا مەتبەئەچىلىكنىڭ كەشپ قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ غەربكە تارقىلىشى»، 14 ـ باب.
« ۋېي سۇلالىسى تارىخى»، 101 ـ جىلد، قوچو تەزكىرىسى.
« ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى».
« خەن سۇلالىسى تارىخى»، 96 ـ جىلد، 2 ـ قىسىم، غەربىي رايون تەزكىرىسى.
« خەن سۇلالىسى تارىخى»، 28 ـ جىلد، 2 ـ قىسىم.

روزى تۇردى تەرجىمىسى